# «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە نامازنى ماڭا ئوخشاش ئادا قىلىشنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم» دېدى

ئەبى هازىم بىن دىناردىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: بىر قانچە كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا خۇتبە سۆزلەيدىغان مۇنبىرنىڭ قانداق ياغاچتىن ياسالغانلىقى توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىپ ئاخىرىدا سەھلە بىن سەئەد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇ كىشى: ئاللاھ بىلەن قەسەم! مەن مۇنبەرنىڭ قانداق ياغاچتىن ياسالغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىمەن، مەن بۇ مۇنبەرنىڭ تۇنجى قېتىم قويۇلغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەنسارىلاردىن بولغان سەھلە دەپ ئاتىلىدىغان پالانى ئايالغا ئادەم ئەۋەتىپ: «سېنىڭ ياغاچچى خىزمەتچىڭنى بۇيرىغىن، ماڭا كىشىلەرگە سۆز قىلغاندا ئولتۇرىدىغان پەشتاقلىق مۇنبەر ياساپ بەرسۇن» دېدى. ئۇ ئايال خىزمەتچىسىنى بۇيرىدى، ئۇنى جاڭگالدىكى چىلان دەرىخىدىن ياساپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئايال مۇنبەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنبەرنى بۇ يەرگە قويۇشقا بۇيرىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ناماز باشلىغانلىقىنى، تەكبىر ئېيتقانلىقىنى، مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ رۇكۇ قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن كەينىچە مۇنبەردىن چۈشۈپ زېمىنغا سەجدە قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنبەرگە چىققانلىقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندا كىشىلەرگە يۈزلىنىپ: «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە نامازنى ماڭا ئوخشاش ئادا قىلىشنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم» دېدى.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

بىر قانچە كىشى ساھابىلاردىن بىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى سورايدۇ، ئۇلار بۇ توغرىدا تالاش-تارتىش قىلغان ئىدى، ساھابى ئۇلارغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسارىلاردىن خىزمەتچىسى ياغاچچىلىقنى بىلىدىغان بىر ئايالغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا: «خىزمەتچىڭىزنى بۇيرۇڭ ماڭا بىر مۇنبەر ياساپ بەرسۇن، مەن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلاي دېدى»، ئايال ماقۇل دەپ خىزمەتچىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چىلان دەرىخىدىن بىر مۇنبەر ياساپ بېرىشكە بۇيرىدى، خىزمەتچى ياساپ ئەكەلگەندە، ئايال ئۇنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى مەسچىتتىكى ھەزىرقى ئورنىدا قويۇشقا بۇيرىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنبەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ناماز باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە تەكبىر ئېيتتى، ئۇنىڭدىن مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ رۇكۇ قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى قىبلىدىن بۇرىماستىن كەينىچە مۇنبەردىن چۈشۈپ زېمىنغا سەجدە قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنبەرگە چىقتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندا كىشىلەرگە يۈزلىنىپ: «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە نامازنى ماڭا ئوخشاش ئادا قىلىشنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم» دېدى.

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee